# شىكايەتنى تاشلاپ ھېكايەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرايلى

ئاپتورى: د. ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
مۇھەررىرى: د. ئابدۇرېھىم دۆلەت

بىز ھەممىمىز بىر نەرسىلەردىن شىكايەت قىلىمىز. ئەلۋەتتە، ئاللاھتىن شىكايەت قىلىش ھاشا مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ھەر نەرسىدە بولغىنىدەك، شىكايەتتىمۇ ئورنىنى ۋە مىقدارىنى بىلىش كېرەك. جەمئىيىتىمىزدە شىكايەت شۇنچىلىك ئومۇملاشقانكى، ئۇ كۈندىلىك بىر ئادەت، بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان. ھەتتا بىز شىكايەت قىلمايدىغانلارنى غەلىتە ھېس قىلىمىز. دەردلەردىن، قىيىنچىلىقلاردىن ۋە مەسىلىلەردىن ئېغىز ئېچىش باشقا بىر ئىش بولسا، شىكايەت قىلىش باشقا بىر نەرسە. شىكايەت، بەندىگە بېكىتىۋېتىلگەن بىر ھالەت ياكى خاراكتېر ئەمەس، فىقھى كىتابلىرىدىمۇ «بۇنچىلىك شىكايەت قىلىنىدۇ» دەيدىغان بىر ئۆلچەم يوق. شىكايەت ئاسانچىلىققا قاچىدىغان بىر قىلمىش ياكى خاھىشتۇر. شىكايەت قىلغاندا: «مەسىلە مەندە ئەمەس، سىرتتا. ھەممە ئادەم ئەيىبلىك، مەن ئەمەس. مەسىلىلەر ماڭا تەسىر قىلىۋاتىدۇ، ئەمما باشقا بىرسى كېلىپ ھەل قىلسۇن»، دېگەندەك پاسسىپ پوزىتسىيە مەۋجۇت.

شىكايەت، بىر ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلاندى. شەخسلەر ئائىلىدىن خىزمەت ھاياتىغىچە، قاتناشتىن سىياسەتكىچە ھەر ساھەدىن شىكايەت قىلىدۇ. تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردىن تۈركلەر، تۈرك جەمئىيىتى، تۈرك مائارىپ سىستېمىسى، تۈرك سەھىيە سىستېمىسى ۋە باشقا سىستېمىلاردىن شىكايەت قىلىدىغانلارنى ئۇچرىتىمىز، ھەتتا تۈركلەرنىڭ دىنى چۈشەنچىسى ۋە ئىبادەت شەكىللىرىدىن شىكايەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ھەممىدىن غەلىتە يېرى شۇكى، دەۋا قىلىدىغان تەشكىلات ۋە شەخسلەردىن شىكايەت قىلىدىغان ئىش ئومۇملاشقان. ئەلۋەتتە تەشكىلات ۋە تەشكىلات ئەزالىرىدىكى مەسىلىلەر ۋە كەمچىلىكلەر ھەممىمىزگە ئايان. قىزىق يېرى، بىزدە تەشكىلاتلاردىن ۋە شەخسلەردىن شىكايەت قىلىش ئۆزىمىزنى بۇلاردىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىپ «باشقىلارنى ئەيىبلەش» تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شىكايەت قىلمايدىغانلار بولسا، گۇرۇپپا نورمىلىرىغا ماسلاشمىغانلىقى ئۈچۈن غەلىتە ھېس قىلىنىدۇ. پسىخولوگىيەلىك نۇقتىدىن، شىكايەت، شەخسنىڭ مەلۇم ئىشقا بولغان كونتروللۇقنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا مۇراجىئەت قىلىدىغان بىر مۇداپىئە مېخانىزىمدۇر.

دەردلىرىنى سۆزلەش، ھەل قىلىش ئاساسىدىكى بىر ئورتاقلىشىش ۋە ھېسداشلىق ئىزدەشتۇر، شىكايەت بولسا مەسىلىلەرنى باشقىلارغا يۆكلەپ شەخسنى پاسسىپلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: مائارىپ سىستېمىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن شىكايەت قىلىش ئورنىغا، بىر ئاتا-ئانىنىڭ «بالامغا ئۆيدە تارىخ ياكى ماتېماتىكا ئۆگىتەلەيمەن» دېيىشى دەردىنى سۆزلەشتۇر. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن ۋە تەشكىلات ئەزالىرىدىن شىكايەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، «مەنمۇ شۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى، قولۇمدىن كېلىدىغىنى بۇ، مەنمۇ بىر ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك» دېيىش دەل دەردلەرنى سۆزلەش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شكايەت، «مەسلە مەندە ئەمەس، سرتتا» دېگەن ئوي بلەن شەخسنى مەسئۇلىيەتتن يراقلاشتۇردۇ. پسخولوگىيەلك جەھەتتن مەسلدىن ۋە مەسئۇلىيەتتن قېچىش قلمىشى شەخسنڭ ئۆزنى كۈچلۈك ھېس قلشنى ئاجىزلاشتۇردۇ. دنىي نۇقتدىن، ئىسلامدا «ئىنسانىنڭ ئۆز تىرىشچانلىقى» تەكىتلىندۇ، شكايەت بولسا دەل بۇ تىرىشچانلىقنى سۇسلاشتۇردۇ.

پەلسەپۋى جەھەتتن ئىنسان، ھەرىكەت ۋە پائالىيەت بلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇردىغان مەخلۇقتۇر، ئۇ پاسسىپ ۋە ھەرىكەتسز تۇرالمايدۇ. پەلسەپۋى ئانتروپولوگىيە نۇقتىسدىن ئىنسان، داۋاملىق ئېقىم ئىچىدە بولۇپ، ھاياتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋاللىرىغا ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا بىر پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇردۇر. شكايەت قلىش ئىنساندا بەزىدە ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەشتىن بەكرەك ئەھۋالنى قوبۇل قلىش ياكى مەسئۇلىيەتتن قېچىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. شكايەت قلىش پاسسىپ ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشتىن قاچىدىغان، مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار بلەن يۈزلىشىشتىن يىراق تۇرىدىغان، ۋاستىلىك يوللار بلەن نارازىلىق كۆرسىتىدىغان كىشىدۇر. شۇڭلاشقا، شكايەت قلىشنى بەزىدە پاسسىپلىقنىڭ بىر ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى كىشى ئاكتىپ ھەل قلىش چارىسى ئىزدەشنىڭ ئورنىغا ئەھۋالنى سىرتقا ئىپادىلەش يولىنى تاللايدۇ.
پسخولوگىيەلك جەھەتتن داۋاملىق شكايەت قلىش ھەرىكىتى ئادەتتە مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ۋە چارىسىزلىك تۇيغۇسى بلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شكايەت قلغۇچى كىشى، ئۆز ھاياتىدىكى سەلبىي ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش ئورنىغا، تاشقى ئامىللارنى ئەيىبلەپ پاسسىپ پوزىتسىيە كۆرسىتىشى مۇمكىن. پاسسىپ كىشىلەر بولسا، بىۋاسىتە يۈزلىشىشتىن قاچىدۇ، غەزەپ ۋە نارازىلىقلىرىنى ۋاستىلىك يوللار بلەن ئىپادىلەيدۇ (پاسسىپ-جېدەلخور شەخسىيەت). بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى قەدىرسىز ھېس قلىشى مۇمكىن، داۋاملىق ئۆزىنىڭ خىيال دۇنياسىدا ياشايدۇ ۋە ھەمكارلىشىشتىن قاچىدۇ. بۇ ئەھۋال، شكايەت قلىش ھەرىكىتىنىڭ پاسسىپ قارشىلىق شەكلى تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.
دىنىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دەرتلىنىش (شكايەت قلىش)، توغرا ۋە ئورۇنلۇق قىلىنغاندا ئىنساننىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل ۋە بويسۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما داۋاملىق ۋە بىھۇدە شكايەت قلىش، سەۋر ۋە تەۋەككۇلنىڭ زىتى بولۇپ قارىلىدۇ. ئىسلام چۈشەنچىسىدە، شكايەت پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىشى كېرەك، مەخلۇقاتقا قىلىنغان شكايەت بولسا سەۋرگە خىلاپ ۋە پاسسىپلىق بولۇپ قارىلىدۇ. شكايەت قلىش، ئەگەر ھەل قلىش چارىسى ئىزدەشتىن بەكرەك ئەھۋالنى قوبۇل قلىش ۋە مەسئۇلىيەتتن قېچىش شەكلىدە بولسا، بۇ پاسسىپلىق ھالىتى بولۇپ قارىلىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدىمۇ ئەدەپ ۋە سەۋر باردۇر، بۇ شكايەتنىڭ ئاكتىپ سەۋر ۋە تەۋەككۇل ھالىتى بلەن قىلىنىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
سوتسىيولوگىيەلك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شكايەت قلىش، ئىنساننىڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى ئورنى ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ھەرىكەتتۇر. داۋاملىق شكايەت قىلىدىغان شەخس، ئىجتىمائىي مۇھىتتا پاسسىپ بىر رول ئېلىشى مۇمكىن، چۈنكى شكايەت قلىش، بەزىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا

ئاكتىپ ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەشتىن قېچىش سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. شىكايەت، بەزىدە ئىجتىمائىي ئادەت، كۈچلىنىش ياكى توقۇنۇش قورالى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك بۇ ھەرىكەت، شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە سەلبىيلىكلەرگە ۋە يالغۇزلۇققا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. پاسسىپ شەخسلەر، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېلىشتىن قاچىدۇ، مەسىلىلەرنى باشقىلارغا دۆڭگەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا پاسسىپلىق ۋە شىكايەت ئارىسىدا ئايلىنىش شەكىللىنىدۇ.

ئۆز ھېكايىسىنى يازىدىغان ئىنسان: مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاكتىپ بەرپا قىلىنىشى

ئۆز ھېكايىسى بىلەن مەۋجۇت بولغان ئىنسان ، ھېكايە سۆزلىگۈچى ۋە ھېكايىلەر بىلەن مەۋجۇت بولغان بىر مەخلۇقتۇر. گېرمان پەيلاسوپى مارتىن ھايدېگېرنىڭ "داسېين" (شۇ-يەردە-مەۋجۇتلۇق) ئۇقۇمى بويىچە، ئىنسان ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى مەنىلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان يېگانە مەخلۇقتۇر. بۇ مەنىلەندۈرۈش، كۆپ جەھەتتىن ئۆز ھېكايىمىزنى بەرپا قىلىش، «يېزىش» جەريانىدۇر. بۇ يەردىكى ھېكايە يېزىش ئىنساننىڭ بىر ئەسەر ئوتتۇرىغا قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ. فرانسۇز پەيلاسوپى پاۋل رىكوئېرنىڭ «بايانىي كىملىك» ئۇقۇمى دەل بۇنى ئىپادىلەيدۇ: ئىنسان، ئۆز ھېكايىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇيدۇ ۋە تەبىرلەيدۇ. باشقىلارنىڭ يەنى ئۆزگىلەرنىڭ تەبىرلىشىگە يول قويمايدۇ. خىتاي دەل بىزنى تەبىرلەش ۋە كىملىكىمىزنى قايتا شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق بىزنىڭ ھېكايىمىزنى قايتا يېزىۋاتىدۇ. بىز بولساق خىتاينىڭ بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى تەبىرلەپ ھېكايە يېزىشىغا قارشى چىقىپ ئۆز ھېكايىمىزنى ئۆزىمىز يېزىپ چىقىشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىمىز. ئەسلىدە خىتاي بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا كۈرەش دەل مۇشۇ يەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يەنى ھېكايىمىزنى خىتاي ئەمەس بىز ئۆزىمىز يازىمىز.

ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ياكى بەرپا قىلىش، پاسسىپ بىر كۆزەتكۈچى بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۆز ھاياتىنىڭ يازغۇچىسى بولۇشنى تاللاشتۇر. ئالبېرت كامۇنىڭ "سىسىفوس ھېكايىسى"دە كۆرسەتكىنىدەك، مەنىسىز بىر دۇنيادىمۇ ئىنسان ئۆز ھېكايىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق مەنە شەكىللەندۈرەلەيدۇ ۋە «ئۆز تېشىنى خۇشاللىق بىلەن دومىلىتالايدۇ».

ئىتالىيىلىك پەيلاسوپ گىئامباتتىستا ۋىكوغا كۆرە، ئىنساننىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى ۋە تارىخنى ئىدراك قىلىشى بىر ھېكايە بەرپا قىلىش شەكلىدۇر. ۋىكونىڭ 18-ئەسىردە ۋۇجۇدقا چىقارغان "ۋېرۇم فاكتۇم" (ھەقىقەت ئىنشا قىلىشتۇر) پىرىنسىپى، ئىنساننىڭ پەقەت ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقارغان نەرسىنى ھەقىقىي بىلەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن، تارىخىمىزنى ۋە كىملىكىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان ھېكايىلىرىمىز، بىزنى ئەڭ چوڭقۇر ئېنىقلايدىغان ۋە تەبىرلەيدىغان ئامىللاردۇر.

رۇس ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى مىخائىل باختىننىڭ «دىيالوگلۇق» قارىشى، ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى بىر تەرەپلىمە ئالاقە ئەمەس، بەلكى ئۆز-ئارا سۆھبەت سۈپىتىدە كۆرىدۇ. ھەر بىر ھېكايە، ئۆتمۈشتىكى ھېكايىلەرگە بىر جاۋاب ۋە كېلەچەكتىكى ھېكايىلەرگە بىر چاقىرىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۆز ھېكايىمىزنى بەرپا قىلىش يالغۇز شەخسىي ئىش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي بىر ھەرىكەتتۇر.

## ئۇيغۇر كىملىكى ۋە كوللېكتىپ ھېكايە بەرپا قىلىش

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ھېكايە بەرپا قىلىش، پەقەت شەخسىي ئىپادىلەش شەكلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كوللېكتىپ مەۋجۇتلۇق ۋە كىملىكنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي تېشىدۇر. بۇ نۇقتىدىن، ھېكايىلەر بىر جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان مەنە تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلىدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش مېخانىزمى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. خىتاينىڭ سىستېمىلىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ئۇرۇنۇشلىرى ئالدىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىنى يېزىشى ۋە سۆزلىشى، پەقەت ئۆتمۈشنى خاتىرىلەشلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىنى قۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ جەريان، شەخسىي ۋە كوللېكتىپ دەرىجىدە بىر مەۋجۇتلۇق كۈرىشى بولۇپ، سوتسىيولوگىيەلىك، ئانتروپولوگىيەلىك ۋە پەلسەپەۋى ئۇقۇملار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە بولىدۇ.

فىرانسىيەلىك سوتسىيولوگ مورىس خالبۋاكسىنىڭ «كوللېكتىپ خاتىرە» ئۇقۇمى، بىر جەمئىيەتنىڭ كىملىكىنىڭ، ئورتاق ئەسلىمىلەر ۋە بايانلار ئارقىلىق قانداق قۇرۇلىدىغانلىقى ۋە داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خالبۋاكسقا كۆرە، شەخسلەرنىڭ خاتىرىسىمۇ ئىجتىمائىي كونتېكستتىن مۇستەقىل ئەمەس. شەخسلەر، تەۋە بولغان جامائەتنىڭ كوللېكتىپ خاتىرىسى ئىچىدە مەنە تاپىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن كوللېكتىپ خاتىرە، تارىخىي داستانلار، خەلق ھېكايىلىرى، مۇزىكا، تۈرلۈك ئەدەبىيات ژانىرلىرىغا تەۋە ئەسەرلەر ۋە ئېغىزچە ئەنئەنىلەر ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرى—مەدەنىيەت سىمۋوللىرىنى چەكلەش، تىلنى چەكلەش، يىغىۋېلىش لاگېرلىرى، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە ۋە باشقىلار—بۇ كوللېكتىپ خاتىرىنى نىشانغا ئالىدۇ. مەسىلەن: ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مۇزىكىسى مۇقاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ چەكلىنىشى ياكى ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇشنىڭ چەكلىنىشى، كوللېكتىپ خاتىرىنىڭ توشۇغۇچىلىرىنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇنىڭغا قارشى، بىز تارىختا ۋۇجۇدقا چىقارغان بارلىق ئەسەرلىرى، ھازىر خىتاي يوقاتماقچى بولغان بارلىق ئەسەرلەرنى ساقلاپ قېلىش ۋە بىزنى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىغان ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق بۇ يوقىتىش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. كوللېكتىپ خاتىرە، پەقەت ئارزۇ قىلىنىدىغان بىر ئۆتمۈش تەسەۋۋۇرى ئەمەس، بەلكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئۈمىدنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. مەسىلەن: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ "ئىز" رومانى، ئۇيغۇر تارىخىنى ۋە كۈرەش روھىنى داستانىي بىر بايان بىلەن جانلاندۇرغان ھالدا، كوللېكتىپ خاتىرىنى قايتا قۇرىدۇ. ئۆتكۈرنىڭ ئەسەرلىرى، شەخسىي ھېكايىلەردىن زىيادە، جەمئىيەتنى بىرلەشتۈرىدىغان ئورتاق بىر بايانىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر زامانىۋىلىشىشى ۋە مىللىي ئاڭنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر بايان تەقدىم قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بولسا تاھىر ھامۇت ئىزگىلنىڭ سۈرگۈندىكى يازمىلىرى، خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى خاتىرىلەشلا بولماستىن، بەلكى دىئاسپورا ئۇيغۇرلىرىنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىنى قايتا بەلگىلەش تىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىزگىلنىڭ "ئۇيغۇر شېئىرلىرى" ناملىق ئانتولوگىيەسى، ھەم شەخسىي ئازابلارنى ھەم جامائەتنىڭ چىداملىقلىقىنى شېئىرىي تىل بىلەن يەتكۈزۈپ، كوللېكتىپ خاتىرىنى جانلىق ساقلايدۇ.

ئىرانلىق ئانتروپولوگ هامىد نافىسىنىڭ «ئاكسېنتلىق كىنو» (accented cinema)ئۇقۇمى، سۈرگۈندە ياكى دىئاسپورادا ياشاۋاتقان جامائەتلەرنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە سۆزلەش جەريانىدا يېتىلدۈرگەن ئېستېتىك ۋە بايان قىلىش شەكىللىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. نافىسىغا كۆرە، بۇ ئەسەرلەر، ئاساسىي ئېقىم كىنونىڭ بىر خىللاشقان بايانلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، «ئاكسېنتلىق» بىر تىل ئىشلىتىدۇ، يەنى، سۈرگۈننىڭ، يۇرتىدىن ئايرىلىشنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئارىلاشمىسىنىڭ ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئەسەرلەر، ھەم كېلىپ چىقىش مەدەنىيىتىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ ھەم يېڭى مۇھىتلاردا قايتا شەكىللىنىدۇ. ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئاكسېنتلىق كىنو، پەقەت كىنو بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەدەبىيات، مۇزىكا، كۆرۈنمە سەنئەتلەر ۋە رەقەملىك مېدىيا قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى، ئاكسېنتلىق بايانلار ئارقىلىق ھەم زۇلۇمنى خاتىرىلىمەكتە ھەم مەدەنىيەت داۋاملىششىنى كاپالەتلەندۈرمەكتە. مەسىلەن: مۇقەددەس مجىتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىملار، ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىسىنىڭ بېسىم ئاستىدىكى ھالىتىنى ۋە بۇ مۇزىكىنىڭ مەدەنىيەت قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مجىتنىڭ ئەسەرلىرى، پەقەت بىر سەنئەت شەكلىنىلا ئەمەس، بەلكى بىر جامائەتنىڭ روھىنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، رەقەملىك سۇپىلاردا ئۇيغۇر دىئاسپوراسىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان قىسقا فىلىملىرى، مۇزىكا ۋىدىيولىرى ۋە كۆرۈنمە سەنئەت ئەسەرلىرى، خىتاينىڭ بايانلىرىغا قارشى بىر قارشىبايان شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەسەرلەر، نافىسىنىڭ "ئاكسېنتلىق" ئۇقۇمىغا مۇۋاپىق ھالدا، ھەم ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئەسلى ئېلېمېنتلىرىنى ساقلايدۇ ھەم دۇنياۋى كۆرۈرمەنلەر ئاممىسىغا خىتاب قىلىدىغان شەكىلدە زامانىۋى ئېستېتىكىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا، دولان مۇقامى ياكى سەنەم ئۇسسۇللىرى، پەقەت ئېستېتىك ئىپادىلەشلەرلا ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ خاتىرىنىڭ توشۇغۇچىلىرىدۇر. بىراق بۇ سەنئەت شەكىللىرىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن «خەتەرلىك» دەپ قارىلىشى، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنى سۈرگۈندە يېڭى ئىپادىلەش شەكىللىرىنى يېتىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىغان. مەسىلەن: ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر سەنئەتكار رەھىمە مەھمۇتنىڭ ناخشىلىرى، ھەم ئەنئەنىۋى مېلودىيەلەرنى ئىشلىتىدۇ ھەم سۈرگۈن تەجرىبىسىنىڭ قايغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ، ئاكسېنتلىق كىنو ئۇقۇمىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى بىر ئىپادىسىدۇر: يىلتىز بىلەن باغلىنىشنى ساقلايدىغان، بىراق يېڭى بىر كونتېكستتا قايتا مەنىلەندۈرۈلىدىغان بىر ھېكايە.

گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ مارتىن ھايدېگېرنىڭ "داسېين" (مەۋجۇتلۇق ئىچىدە ئۆزىنى ئىپادىلەش) ئۇقۇمى، ئۇيغۇر ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۆلچىمىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۈچلۈك بىر نۇقتىئىينەزەر سۇنىدۇ. ھايدېگېرغا كۆرە، ئىنسان، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى مەنىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ھېكايىسىنى ئاكتىپ ھالدا قۇرىدىغان بىر مەۋجۇداتتۇر. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، خىتاينىڭ باستۇرغۇچى سىياسەتلىرى ئاستىدا داسېين، پاسسىپ بىر نەرسە بولۇشنى رەت قىلىش ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقلىرىنىڭ ئاپتورى بولۇشنى تاللاش دېگەنلىكتۇر. ھېكايە سۆزلەش، بۇ نۇقتىدىن، پەقەت بىر مەدەنىيەت تەجرىبىسىلا ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلۇق مۇجادىلىسىدۇر.

مەسىلەن: تاھىر ھامۇت ئىزگىلنىڭ شېئىرلىرى، شەخسىي بىر شائىرنىڭ سىرتىدا، بىر جامائەتنىڭ داسېينىنى تەمسىل قىلىدۇ. ئىزگىلنىڭ "كېچىدە قولغا ئېلىنىشنى كۈتۈش" ناملىق ئەسلىمە كىتابىدا بايان قىلغىنىدەك،

ئۇيغۇرلار، ھەر ۋاقىت تۇتقۇن قىلىنىش قورقۇنچى بىلەن ياشىغاندىمۇ، شېئىر، مۇزىكا ۋە ھېكايە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىلىرىنى يارىتىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ، ئالبېرت كامۇنىڭ بىمەنە بىر دۇنيادا مەنە يارىتىش جاسارىتى ئىدىيەسىگە ئوخشايدۇ: ئۇيغۇرلار، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتەك بىر بالا-قازاغا دۇچ كەلگەندىمۇ، ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقلىرىنى قايتا قۇردى.

پسىخولوگ ۋىكتور فرانكل، «لوگوس تېراپىيەسى»دە ئىنسان بەختىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەنبەسىنىڭ مەنە ئىزدەش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. فرانكل، ناتسىست يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ياشىغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردىمۇ ئىنساننىڭ ئۆز ھېكايىسىنى يازالايدىغانلىقىنى ۋە مەنە قۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان پاجىئەلىك تەجرىبىلىرى ئالدىدا، ئۆز ھېكايىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى، پسىخولوگىيەلىك بىر قارشىلىق ۋە داۋالاش مېخانىزمىدۇر.

پسىخوئانالىست جاكۇېس لاكاننىڭ «سىمۋوللۇق تەرتىپ» ئۇقۇمى، ئىنساننىڭ تىل ۋە سىمۋوللار بىلەن رېئاللىقنى قۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز سىمۋوللۇق تەرتىپلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تىرىشچانلىقى، پەقەت كۇلتۇرەللا ئەمەس، پسىخولوگىيەلىك بىر مەۋجۇتلۇق كۈرىشىدۇر. «دۇتار» چېلىش ئەنئەنىسى، "مەشرەپ» مەدەنىيەت يىغىلىشلىرى ۋە «مۇقام» مۇزىكا سىستېمىسى قاتارلىق مەدەنىيەت تەجرىبىلىرى، پەقەت سەنئەت ئىپادىلىرىلا ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ روھنىڭ داۋاملىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئامىللاردۇر.

ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئاكتىپ ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش، پەقەت بىر قارشىلىق شەكلىلا ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلۇقنى قۇرۇش جەريانىدۇر. بۇ جەريان، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ فرىئېدرىخ نېچشىنىڭ «كۈچ ئىرادىسى» (will to power)ئۇقۇمى ۋە فرانسىيەلىك مەۋجۇدىيەتچىلىك پەيلاسوپى ژان پول سارترېنىڭ «ھەرىكەت ئىچىدە ماھىيەت شەكىللىنىدۇ» پىكرى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىنالايدۇ. ھەر ئىككى ئۇقۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىگە قارشى ئۆز ھېكايىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا كۆرسەتكەن ئىجادىي ۋە ئاكتىپ رولىنى يورۇتىدۇ. ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ئۇيغۇرلارنىڭ پاسسىپ ھالدا تاڭغان كىملىكلەرنى رەت قىلىشنى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقنى مەنىلىك بىر شەكىلدە قۇرۇشنى كاپالەتلەندۈردى. نېچشېنىڭ كۈچ ئىرادىسى ئۇقۇمى، ئىنساننىڭ پەقەت ھايات قېلىشقا تىرىشىشلا بىلەن قانائەتلەنمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆز بارلىقىنى ۋە دۇنيانى ئاكتىپ ھالدا شەكىللەندۈرۈش ئارزۇسىنى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كۈچ ئىرادىسى، فىزىكىلىق ياكى باستۇرغۇچى بىر كۈچ ئىزدەشتىن كۆرە، ئىجادىي ۋە ئۆزگەرتكۈچى بىر ئېنېرگىيەدۇر، شەخس ۋە جامائەتنىڭ ئۆز مەنىسىنى يارىتىش تىرىشچانلىقىدۇر. نېچشېغا كۆرە، بۇ ئىرادىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى، ئىنساننىڭ ئۆز ھېكايىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىدۇر. چۈنكى ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش، قالايمىقان ۋە مەنىسىز بىر دۇنيادا شەخسنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى مەنىلەندۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. بۇ، پاسسىپ بىر قوبۇل قىلغۇچى بولۇشتىن چىقىپ، ھاياتنىڭ ئاكتىپ بىر ئىجادكارى ۋە ئاپتورى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇچۇن كۈچ ئىرادىسى، خىتاينىڭ سىستېمىلىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىگە—تىل چەكلىمىلىرى، مەدەنىيەت سىمۋوللىرىنىڭ باستۇرۇلۇشى، يىغىۋېلىش لاگېرلىرى، مەدەنىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقلىرى—قارشى بىر قارشىلىق سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاينىڭ سىياسەتلىرى، ئۇيغۇرلارنى پاسسىپ بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قابىلىيەتلىرىنى يوقىتىشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۆز ھېكايىلىرىنىڭ، سېنارىيەلىرىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ ئاپتورى ۋە ئىجادكارى بولۇش ھوقۇقىنى قولىدىن تامامەن تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ، سېنارىيەلىرىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ ئاپتورى ۋە ئىجادكارلىرى بولۇش ئۇچۇن سىستېمىلىق سىياسەتلەرنى ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلمەكتە. ئەمما بىز ئۇيغۇرلار، ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق بۇ تاڭغان ھالەتنى رەت قىلىشقا ۋە كۈچ ئىرادىمىزنى نامايان قىلىشقا قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ كېلىۋاتىمىز.

نىچشېنىڭ كۆز قارىشىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىشى، پەقەت بىر مۇداپىئە مېخانىزمىلا ئەمەس، بەلكى بىر ئۇستۇنلۇك (Übermensch) ئىزدىنىشىدۇر. نىچشېنىڭ «ئۇستۈن ئىنسان»ى، ئۆز قىممەتلىرىنى يارىتىدىغان ۋە قالايمىقانچىلىقتا قارىماي مەنە قۇرىدىغان شەخستۇر. ئۇيغۇرلار، ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ ۋەيران قىلىدىغان ۋە يوقىتىدىغان تەسىرلىرىگە قارشى، ھېكايىلىرى بىلەن ئۆز قىممەتلىرىنى ۋە كىملىكىنى يارىتىدۇ. بۇ، كۈچ ئىرادىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىدۇر، يەنى، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى بىر ھېكايە سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە بۇ ھېكايىنى كېلەچەك ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتۇر.

سارتىرېنىڭ مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسى، ئىنساننىڭ ماھىيىتىنىڭ ئالدىن بەلگىلەنمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزىنى قۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سارتىرېغا كۆرە، «مەۋجۇتلۇق ماھىيەتتىن بۇرۇن كېلىدۇ»، يەنى ئىنسان، تۇغۇلۇشتىن بىر كىملىككە ئىگە ئەمەس، كىملىكىنى ۋە مەنىسىنى ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق يارىتىدۇ. بۇ جەريان، ئەركىنلىك ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ئىنسان، ئۆز ماھىيىتىنى قۇرۇش جەھەتتە پۈتۈنلەي ئەركىن، لېكىن بۇ ئەركىنلىكنىڭ نەتىجىلىرىدىن مەسئۇلدۇر. سارتىرېنىڭ «ھەرىكەت ئىچىدە ماھىيەت شەكىللىنىدۇ» پىكرى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇچۇن، پەقەت زۇلۇمغا ئۇچرىغان پاسسىپ قۇربانلار سۈپىتىدە ئەمەس، ئاكتىپ ھەرىكەتچىلەر سۈپىتىدە ئۆز ھېكايىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلەيدۇ.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرى، ئۇيغۇرلارنى مەلۇم بىر ماھىيەت بىلەن—ئىتائەتچان، كىملىكسىز ۋە پاسسىپ مىللەت—قايتا قۇرۇشقا قارىتىلغان. ئەمما ئۇيغۇرلار، سارتىرېنىڭ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن ھالدا، بۇ تاڭغان ماھىيەتنى رەت قىلىپ، كۆرەشلىرى بىلەن ئۆز كىملىكلىرىنى قۇرۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.

دىنىي ۋە مەنىۋى ئۆلچەم

ئىسلام پىكرىدە "خەلىپە" ئۇقۇمى، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە ئىجادكار ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىسى بىر مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان، پەقەت دۇنيادا ياشايدىغانلا ئەمەس، دۇنيانى قۇرىدىغان ۋە

گۈزەللەشتۈرىدىغان بىر مەۋجۇداتتۇر. مەشهۇر ئىسلام پەيلاسوپى ئىبن خەلدۇننىڭ «ئۇمران» ئۇقۇمى، مەدەنىيەت قۇرۇشنىڭ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
سوپىزمدىكى «ئىنساني كامىل» (كامىل ئىنسان) ئۇقۇمى، ئىنساننىڭ پەقەت ئىبادەت قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى دۇنيادا گۈزەللىك ۋە ئادالەت قۇرىدىغان بىر مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەھمەد يەسەۋى، يۇسۇپ خاس هاجىپ قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئىنساننىڭ ئاكتىپ هېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى مەنىۋى بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە بېكىتىدۇ.
خۇلاسە: هېكايە ۋۇجۇقا چىقىرىش، ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى نامايەن قىلىشىدۇر
هېكايە بەرپا قىلىش، پاسسىپ بىر قوبۇل قىلىش ئورنىغا ئاكتىپ بىر مەۋجۇتلۇق تاللىشىدۇر. پەيلاسوپلار، پسىخولوگلار، سوتسىيولوگلار ۋە دىن پەيلاسوپلىرى هەرخىل ئۇقۇملار بىلەن ئىپادىلىسمۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشىنىڭ، يەنى نامايەن قىلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسي شەكلىلىرىدىن بىرى، ئۆز هېكايىسىنىڭ يازغۇچىسى ۋە ئاپتورى بولۇشىدۇر.
هېكايىسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىنسان، بارلىقىنى ۋە مەۋجۇدلۇقىنى پاسسىپ بىر قوبۇل قىلىش ئىچىدە ئىستېمال قىلىش ئورنىغا، ئاكتىپ بىر ئىجادكارلىق بىلەن بېيىتىدۇ. بۇ مەنىدە، هېكايە ۋۇجۇدقا چىقىرىش هەرىكىتى، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر.
ئىنساننىڭ ئۆز هېكايىسىنى يېزىشى، مەۋجۇتلۇقىنىڭ ماهىيىتىگە سادىق قېلىپ ياشىشىدۇر. بۇ، يارىتىلىش مەقسىتىنى بايقاش ۋە شۇ يۆنىلىشتە قەتئىي مېڭىشتۇر. ئەقىللىق بىر ئىنسان بولۇش، ئەقلى ۋە قەلبىنى بىر كومپاستەك ئىشلىتىپ ئۆزىنى ۋە ئەتراپىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشتۇر. بىلىمگە تەشنا بىر زېهىن بىلەن ئۆگىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ كەينىدىن بېرىشتۇر.
ئۆز هېكايىسىنى يازىدىغان ئىنسان، باشقىلارنىڭ سايىسىدە يوقىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئەركىنلىككە ئىگە چىقىدۇ، پەقەت هەقىقەتكە ۋە ئۆز ۋىجدانىغا بويسۇنىدۇ. باشقا ئىنسانلار تاڭغان يوللارغا بويۇن ئېگىش ئورنىغا، ئۆز قىممەت قاراشلىرى بىلەن شەكىللەنگەن بىر سەپەر قۇرىدۇ. بۇ سەپەردە، ئىنسان بولۇپ بىر ئەسەر ياراتماق، مەڭگۈلۈك بىر ئىز قالدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئەسەر، بىر سەنئەت ئەسرى، بىر پىكىر، بىر ياخشىلىق ياكى ئىنسانىيەتكە تەسىر قىلىدىغان هەرقانداق بىر تۆهپە بولۇشى مۇمكىن.
ئۆز هېكايىسىنى يېزىش، پەقەت شەخسي بىر تىرىشچانلىق ئەمەس، شۇنداقلا ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىنسان، ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ئەتراپىغا نۇر چاچىدۇ، باشقىلارغا ئىلهام بولىدۇ. بۇ، شەخسىيەتچىلىكتىن يىراق، ئورتاقلاشقۇچى بىر ياشاش شەكلىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ياخشىلىقىغا تۆهپە قوشۇش، مۇهەببەت، ئادالەت ۋە رەهىمدىللىك قاتارلىق ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشلارنى ئۇلۇغلاشتۇر.
كەلگۈسىدە گۈزەل، ياخشى ۋە توغرا ئەسلىمىلەر بىلەن ئەسلىنىش، ئىنساننىڭ ئۆز هېكايىسىنى مەنىلىك قىلىدىغان ئاخىرقى نىشاندۇر. بۇ، پەقەت مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەنلا ئەمەس، شۇنداقلا سەمىمىيلىك، دۇرۇسلۇق ۋە چىن دىلدىن ياشالغان بىر هايات بىلەن مۇمكىندۇر. ئۆز هېكايىسىنى يازغان ئىنسان، كەينىدە قالدۇرغان ئەسلىمىلىرى بىلەن، باشقىلارنىڭ قەلبىدە ۋە ئېڭىدا ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ، ئىنساننىڭ ئۆلمەسلىككە

ئاتقان ئەڭ مەنىلىك قەدىمىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ، پەقەت مەدەنىيەت ئىپادىلەش شەكلىلا ئەمەس، مەۋجۇتلۇق زۆرۈرىيىتىدۇر. زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مۇھىم، ئەمما پەقەت ئىنكاسىي ھەرىكەت قىلىش ئورنىغا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز قوللىرىمىز بىلەن گۈزەل ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆز ھېكايىمىزنى ئاكتىپ بىر شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىرىشتۇر. بۇ، پەقەت شەخسىيلا ئەمەس، كوللېكتىپ بىر مەسئۇلىيەتتۇر ۋە كېلەچەك ئەۋلادلارغا قالدۇرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مىراستۇر.